# 12687 ـ روزىدار كىشىنىڭ بۇرنى قاناپ قالغانلىقى توغرىسىدا

### سۇئال

روزىدارنىڭ بۇرنى قاناپ قالسا قانداق بولىدۇ؟، چۈنكى مەنمۇ شۇنداق بولغان ئىدىم؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئىش سىز سوئالدا بايان قىلغاندەك بولسا، تۇتقان روزىڭىز توغرا بولىدۇ، بۇرنىڭىزنىڭ قانىشى ئىختىيارلىقىڭىزسىز ئۆزلىگىدىن يۈز بەردى، بۇنىڭغا روزىنى بۇزىدىغان ھېچ بىر ھۆكۈم بېرىلمەيدۇ. بۇنىڭغا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئاسانلىقى دەلىل بولىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: لا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا تەرجىمىسى: «ئاللاھ ھېچكىمنى قۇربى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ» [سۈرە بەقەرە 286-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مَا يُرِيدُ اللَّهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُم مِّنْ حَرَجٍ تەرجىمىسى: « ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ» [سۈرە مائىدە 6-ئايەت].

ئاللاھ ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلسۇن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات پەتىۋا كومىتېتى پەتىۋاسى" 10-توم 264-بەت.